مىللىتىمىز تۈرك — دىنىمىز ئىسلام
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

# شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى

ئايلىق سىياسىي گېزىت

# DOĞU TÜRKİSTAN GENÇLERİ

1995-يىل 6-ئاي (10-سان)

AYLIK SİYASİ GAZETE


## قەھرىمان ماراش خەلقى لىدەرىمىز ئىيسا يۇسۇف ئالپتېكىننى قىزغىن كۈتىۋالدى

بۇ يىل يىگىرمە بەشىنچى ماي كۈنى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ لىدەرى ئىيسا يۇسۇف ئالپتېكىن تۈرك ئوچاقلىرى مەركىزى قەھرىمان ماراش ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە قەھرىمان ماراش شەھىرىگە يېتىپ كەلدى ۋە قىزغىن قارشى ئېلىندى . ۋىلايەت ۋالىيسى ئارسلان بەگ ئىيسا ئالپتېكىننى تونۇل قىلىپ ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى تۈرك دۇنياسىنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ داۋاسىغا بېغىشلاپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى . تۈرك ئوچاقلىرى شۆبىسى شۇ كۈنى كەچتە مەخسۇس زىياپەت بېرىپ ئىيسا ئەفەندىمىزنىڭ قەھرىمان ماراشقا كېلىپ شەرەپ بېغىشلىغانلىقىنى بىلدۈردى . زىياپەتكە ئىدارە ، ئورگان ۋە تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەمدە زىيالىلاردىن بولۇپ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى . ئىيسا ئەفەندى زىياپەتتە سۆز قىلىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى سىياسىي ۋەزىيىتىنى ۋە خەلقىمىزنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى بايان قىلدى . تۈرك ئوچاقلىرى شۆبىسىنىڭ باشلىقى خاقان پاكسوي سۆزگە چىقىپ بۈيۈك مۇجاھىد ئىيسا ئالپتېكىننىڭ مىڭ كىلومېتىر يىراق يەردىن توخسەن بەش ياشقا كىرگىنىگە قارىماي كېلىپ دەم ئالماستىن بىر سائەتتىن ئارتۇق ئۆرە تۇرۇپ ، سۆزلىگەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتتى ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى باشتىن - ئاخىرى قىلچە ئېگىلمەستىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

ئەتىسى قەھرىمان ماراش سۇتچى ئىمام ئۇنىۋېرسىتېتى مۇدىرى پروفېسسور ئوسمان تېكىنتەلنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ئىيسا ئەفەندىم ئۇنىۋېرسىتېتتا بېرىپ ئوقۇغۇچىلارغا دوكلات بېرىپ تۈرك دۇنياسىنىڭ بىرلىك ، ئىتتىپاقى ۋە ياشلارنىڭ رولى توغرىسىدا يول يورۇق بەردى . كەچتە شەرقىي تۈركىستانلىق دوختۇر تۇرغۇنجان ئىستانبۇل ، ئەنقەرە ، قەيسەرىلەردىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋە ساھىپخان ۋەكىللەرگە قۇربانلىق قىلىپ چاي بەردى .





ئىيسا يۇسۇف ئالپتېكىننىڭ يېقىن سەپدىشى

## بۈيۈك مۇجاھىد ، دۆلەت ئادىمى ، ئاتاغلىق تارىخچى ، يازغۇچى مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ھەزرەت

## ۋاپاتىنىڭ ئوتتۇز يىللىقىنى قايغۇ بىلەن خاتىرلەيمىز

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنقىلابى رەھبىرى ، قەھرىمان كۈرەشچى ، تالانتلىق تارىخچى ، ئىسلام ئالىمى ، جەڭگىۋار ئەدىپ مۇھەممەتئىمىن بۇغرا مىڭ توققۇز يۈز بىرىنچى يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىلچى ناھىيىسى خەلپىلىك ھويلىدا ھاللىق بىر مۇددەرىس ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ئۈچ ئوغۇل ، ئىككى قىز قېرىنداشى بىلەن دادىسى ئۇستاز پىراۋۇدىن ھاجىمدىن كىچىك يېتىم قېلىپ ، ئانىسى سەكىنە بانۇ خانىمنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان . مۇھەممەتئىمىن بۇغرا مەھەللىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن لوپ ، خوتەن ، قاراقاشلاردىكى مەدرىسىلەردە ئىسلامى بىلىملەردىن تەھسىل كۆردى . ھەمدە ئەرەبچە ، فارسچە تىل ۋە ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە يۇقىرى مەلۇماتقا ئېرىشتى .

ئىلمى ئىقتىدارى ۋە پاساھەتلىك زېھنى بىلەن ئەتراپقا تونۇلۇشقا باشلىغان مۇھەممەتئىمىن داموللام ئوتتۇزىنچى يىللارغا قەدەر خوتەن ئويباغ مەدرىسىسىدە ، قاراقاش يېڭى مەدرىسىسىدە مۇددەرىس بولۇپ ، ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسلامى قارىشىنى تىكلەش ، مىللى ئېڭىنى ئۈستۈرۈش ، مۇستەقىللىق تۇيغۇسىنى ئويغۇتۇش يولىدا ھارماستىن ئەجىر قىلدى . ۋەتەن ، مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە كېچە - كۈندۈز قايغۇرغان ئۇستاز مۇھەممەتئىمىن بۇغرا شۇ يىللىرى شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە زىيارەتكە چىقىپ ، باشقا شەھەرلەردىكى بىلىملىك زاتلار ۋە مۆتىۋەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ ، ۋەتەننى خىتاي باسمىچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى . جاھىل ، زالىم ۋە مۇتەئەسسىپ خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشنىڭ بىردىن - بىر توغرا يولى قوراللىق ئۇرۇشۇش

ئاخىرى 5 - بەتتە




## خەلقارا تۈرك ياشلىرى قۇرۇلتىيى

خەلقارا تۈرك ياشلىرى قۇرۇلتىيى

## ئىككىنچى قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى ئېچىلدى

تۈرك ئوچاقلىرى باش مەركىزى ۋە تۈرك ئىش بىرلىكى تەرەققىيات ئاگېنتلىقى بىرلىكتە تەشكىللىگەن خەلقارا تۈرك ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى بۇ يىلى ئون تۆتىنچى ئاپرېلدىن باشلاپ ئەنقەرەدە ئۈچ كۈن ئېچىلدى . يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ، تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە توپلۇقلىرىدىكى يىگىرمە تۆت تەشكىلاتنىڭ ئاتمىشتىن ئارتۇق ۋەكىلى قاتناشتى .

تۈرك ئوچاقلىرى باش مەركىزىنىڭ باشلىقى سادى سومۇنجۇئوغلۇ ئېچىلىش سۆزىدە : ئون بىر مىليون كۋادرات كىلومېتىر زېمىندىكى ئىككى يۈز مىليون تۈركنىڭ ھوزۇرى ، بەختى ، تىنچلىقى ئۈچۈن ئىشلىشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى . يىغىندا تۈرك ئىش بىرلىكى تەرەققىيات ئاگېنتلىقىنىڭ باشلىغى ئۈمىت ئارىك ، ئاتا تۈرك مەدەنىيەت . تىل ۋە تارىخ يۈكسەك قۇرۇلتىيىنىڭ باشلىغى رىشات گەنچ ، دۆلەت باقانى بەكىر سامى داچە ، دۆلەت تىل كومىتېتى باشلىغى ئاخمەت بىجان ئەرجىلاسۇن ، دۇنيا تۈرك ياشلار بىرلىكى رەئىسى ئاخمەت دەمىد ۋە تۈرك دۇنياسى تەتقىقات ۋەخپىنىڭ باشلىغى تۇران يازغانلار مۇھىم سۆز قىلدى . يىغىنغا مىللەت ۋەكىللىرى ، زىيالىلاردىن بولۇپ تۆرت يۈز كىشى قاتناشتى . شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنى ۋاكالىتەن تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلىكىنىڭ تۆت نەپەر ۋەكىلى يىغىنغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى .

يىغىندا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە توپلۇقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى سۆزلەشكە باشلىغاندا ئەڭ ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ۋەكىلىگە سۆز نەۋبىتى بېرىلدى . ئوقۇغۇچىلار بىرلىكىنىڭ

## 21- ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستان ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلدى

تۈرك ئوچاقلىرى باش مەركىزى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى ئوقۇغۇچىلار بىرلىكى تەرىپىدىن ئويۇشتۇرۇلغان « 21- ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستان » ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى




ئاخىرى 5 - بەتتە

# شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پائالىيىتى جانلانماقتا

## 21- ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى باشلىقى گېنېرال مەھمەت رىزا بېكىن سۆز قىلماقتا




شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ يىغىن خاتىرىسى




شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇللىرى كۆرسەتمەكتە

## دۇنيا تۈرك ياشلىرى بىرلىگى باشلىقلار يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى پارلامېنت رەئىسى ھىسامەددىن جىندورۇق شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنى قوبۇل قىلىپ سۆھبەتلەشتى



تۈركىيە ئانا ۋەتەن پارتىيىسى باشلىقى مەسئۇت يىلماز شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنى قوبۇل قىلدى



تۈركىيە مىللىيەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى باشلىقى ئالپ ئارسلان تۈركەش شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنى قوبۇل قىلدى



تۈركىيە بۈيۈك بىرلىك پارتىيىسى باشلىقى مۇھسىن يازىچى ئوغلى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنى قوبۇل قىلدى